# شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىمىز ئىچكىرى رايونلىرىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكى

□شۇ جيەنيىڭ

بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگونىڭ تارىختا گەرچە بىرلىككە كەلگەن مەزگىلى ۋە ئايرىلىپ تۇرغان مەزگىلى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى بولۇپ كەلدى. شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىمىز ئىچكىرى رايونلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن ئۆتۈپ، ئەجدادلارنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن چوڭ ئائىلىسىگە سىڭىشىپ كەتكەن.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى رايونلار بىر گەۋدىلىشىش تارىخىي مۇساپىسىنى ئاچقان.

شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىمىز ئىچكىرى رايونلىرى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپلا قويۇق ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىپ كەلگەن. ھازىرقى زاماندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە قېزىپ چىقىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، شىنجاڭنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلىرىدىن شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويلىرىدىكى سەدەپ قۇلۇلىرى، ئىچكىرى رايونلارنىڭ يىپەكلىرى، مىس ئەينەك ۋە سىرلانغان بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىچكىرى رايونلارنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدىكى دەسلەپكى تارىخىي خارابىلىكلەردىن زور مىقداردا شىنجاڭ خوتەن قاشتېشى قېزىۋېلىنغان. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن باشقا، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى نۇرغۇن ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرىمۇ ئىچكىرى رايونلارنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، تارىخىي كىتابلار «شەنخەيجىڭ» «تارىشا پۈتۈك يىلنامىسى» «مۇتيەنزى تەزكىرىسى» «يىجوۋنامە» «تارىخنامە» «خەننامە» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە غەربىي يۇرت جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

خەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەن ۋۇدى جاڭ چيەننى ئىككى قېتىم غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى ۋۇسۇن قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، مىللەت، جەمئىيەت، ئىقتىساد، قاتناش، كىلىمات قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى، ھونلارنىڭ باتىسقانى غەربىي خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان، خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالى ھەم پامىر ئەتراپىدىكى كەڭ رايونلارنى بىرتۇتاش باشقۇرغان. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى شىنجاڭنىڭ رەسمىي ۋەتىنىمىز تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتقا بىۋاستە ئەمەلدار ئەۋەتكەندىن سىرت، يەنە غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىغا ئوتتۇغات بېرىپ، مۆھۈر ئىنئام قىلغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئالدى بىلەن غەربىي يۇرتتا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغان، مىلادىيە 123 ـ يىلى غەربىي يۇرت جاڭشى مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، تاكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىلىغىچە داۋاملاشتۇرغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ «غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى» ۋە «غەربىي يۇرت جاڭشى بېگى» تيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىنى باشقۇرىدىغان ئەڭ ئالىي ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدار ئىدى.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، داۋاملىق شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كونا تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغان. 220 ـ يىلى ساۋۋېي ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، غەربىي يۇرتتا غەربىي يۇرت جاڭشىسى ۋە ۋۇجى چېرىكچىبېگى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ۋېي خاندانلىقى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى كۆپلىگەن يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ ئاتامانلىرىغا ئوتتۇغات بەرگەن، مەسىلەن، 222 ـ يىلى، چېشى ئارقا قىسىم بېگى ئىدئۇزارغا «ۋېي سۇلالىسىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى شاغاۋۇل، تۇتۇقبەگ»، «ۋېي پادىشاھىنىڭ مۆھۈرىگە ئېرىشكۈچى» قاتارلىق ئوتتۇغاتلار بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر لوياڭغا ئۈزلۈكسىز ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، كۇسەن، ئۇدۇن، كانجۇت، ۋۇسۇن، سۇلى، روۋجى، پىشامشان ۋە چېشىنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىدىكىگە ئوخشاشلا ئولپان تاپشۇرۇشنى ساقلاپ كەلگەن. غەربىي جىن سۇلالىسىمۇ ساۋۋېينىڭ كونا تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كىروراندا غەربىي يۇرت جاڭشى مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنى باشقۇرغان؛ ئىدىقۇتتا ۋۇجى چېرىكچىبېگى تەسىس قىلىپ، بوز يەر ئېچىپ، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىشقا رەھبەرلىك قىلغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەربىي جىن سۇلالىسى داۋاملىق غەربىي يۇرتتىكى پىشامشان، ئاگنى قاتارلىق جايلارنىڭ ئاتامانلىرىغا ئوتتۇغات بەرگەن.

16 بەگلىك دەۋرىدە، غەربىي يۇرتنى خېشى لياڭجوۋ يەرلىك ئايرىما ھاكىمىيىتى باشقۇرغان. ئالدىنقى لياڭ، ئالدىنقى چىن، كېيىنكى لياڭ، غەربىي لياڭ ۋە شىمالىي لياڭ بەگلىكلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، خەنزۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئىدىقۇت رايونىدا قوچۇ بەگلىكى قۇرۇلۇپ، ئايماق ـ ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىچكىرى جايلارنىڭ ئايماق ـ ناھىيە تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلغان.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن ئىلگىرى، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئاساسىي تۈزۈمىنى يولغا قويغان ھەم ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن؛ ئەلۋەتتە، ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدىمۇ بەزى يېڭىلىقلار يارىتىلىپ، ئايماق ـ ناھىيە تۈزۈمى كىرگۈزۈلۈپ غەربىي يۇرت ئىدارە قىلىنغان.

سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش يېڭى ئەندىزىسى يولغا قويۇلۇپ، غەربىي يۇرتتىكى تېخىمۇ كەڭ بولغان رايونلار باشقۇرۇلغان. 581 ـ يىلى، سۈي سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نەچچە يۈز يىل داۋاملاشقان پارچىلىنىش، ئايرىلىپ تۇرۇش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەرگەن. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سۈي سۇلالىسى پىشامشان (ھازىرقى چاقىلىق)، چەرچەن (ھازىرقى چەرچەننىڭ غەربىي جەنۇبى)، ئىپۇرغولدا ئايماق تەسىس قىلغان؛ سۈي ياڭدى مەزگىلىدە، غەربىي يۇرتتا 34 يەرلىك ھاكىمىيەت بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانىدانلىققا ئولپان تاپشۇرغان، سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەخسۇس غەربىي يۇرت چېرىكچىبېگى تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان.

618 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن غەربىي يۇرتنى زور كۈچ بىلەن باشقۇرغان. 630 ـ يىلدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئارقا ـ ئارقىدىن غەربىي ئىپۇرغول ئايمىقى(كېيىن ئىپۇرغول ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلگەن)، غەربىي ئايماق ۋە بېشبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلغان، قارىمىقىدا جەمئىي 12 ناھىيە بار بولۇپ، ناھىيەدە يېزا ـ كەنت تەسىس قىلىپ، ئىچكىرى جايلار بىلەن بىردەك بولغان ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. 640 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغان، 658 ـ يىلى ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىپ، غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تولۇق تىكلىگەن. 703 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى تيانشاننىڭ شىمالىدا بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى بىلەن غەربىي يۇرتنى ئايرىپ ئىدارە قىلغان. 709 ـ يىلى، بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ دەرىجىسى بېشبالىق باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە ئۆستۈرۈلگەن. ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا جەمئىي 22 تۇتۇق مەھكىمە، 118 ئايماق بولۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى، پامىرنىڭ غەربىدىكى كەڭ رايونلارنى باشقۇرغان؛ بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا 23 تۇتۇق مەھكىمىسى بولۇپ، تيانشاننىڭ شىمالىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى، جەنۇبىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى باشقۇرغان.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت توپلاشقان ۋە كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون

□ما پىنيەن

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا، ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان، قەدىمدىن تارتىپلا شەرق، غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم يول ۋە تۈگۈن بولۇپ كەلگەن، شۇنداقلا كۆپ خىل مەدەنىيلىك ۋە دىنلار تارقالغان، توپلاشقان جاي. كۆپ خىل مەدەنىيلىك ئىچىدە، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى شىنجاڭ رايونىدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ باقمىغان مەدەنىيلىك سىستېمىسى. جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى قويىندا يېتىلىپ تەرەققىي قىلغان شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتى دەۋرلەردىن بۇيانقى تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، سىغدۇرۇشچان بولۇپ ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن بىرلىكتە كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن، پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتتى.

ئۇزاقتىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ» خاتا تارىخ، مەدەنىيەت قارىشىنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، يامان نىيەتتە مەدەنىيەت پەرقىنى كۆپتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى پارچىلاشقا، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىنى كولاپ ئۈزۈۋېتىشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن تومۇرداش، زىچ باغلىنىشلىق. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى قوينىدا شەكىللەنگەن، تەرەققىي قىلغان، ئۇ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جۇڭگودىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئايرىلسا، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز دەرەخكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن مەنبەداش ئەمەس، شۇنداقلا ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىمۇ يوق. ئۇيغۇر مىللىتىنى مىسالغا ئالساق، جۇڭگودىكى بىر ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى روجىيا ئىدىيەسىنى ئاساسىي يېتەكچى قىلغان جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنلا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ، بىخلىنىپ گۈللەنگەن. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر مىللىتى ئىسلام مەدەنىيىتىگە ھەم قارشى تۇرغان، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنى تاللاپ قوبۇل قىلىپ ۋە جۇڭگوچىلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ روشەن يەرلىكلىشىش، مىللەتلىشىش، يەنى جۇڭگوچىلىشىش ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يامان نىيەتتە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىسلام مەدەنىيىتى دەپ تەرغىب قىلىشتىكى مەقسىتى دەل ئىسلام مەدەنىيىتىنى يەرلىكلەشتۈرۈش، جۇڭگوچىلاشتۇرۇش مۇساپىسىگە توسقۇنلۇق قىلىشتىن ئىبارەت. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جەزمەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى «جۇڭگوچىسىزلاشتۇرۇش» خاتا خاھىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، تارىخقا بويسۇنۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ھېسسىيات يۆلەنچۈكى، قەلب ماكانى ۋە مەنىۋى ماكانى قىلىشى كېرەك.

جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى، تارىخ بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە زىچ يۇغۇرۇلغاندا گۈللەپ پارلاق نۇر چاچقان، يۇغۇرۇلۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاندا خىرەلىشىپ كەتكەن. پەقەت جۇڭخۇا مەدەنىيىتى يىلتىزىنى چىڭ ساقلاپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئانا تېنىدىن ئايرىلماي، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشنى كۈچەيتكەندىلا شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، راۋاجلىنالايدۇ، گۈللىنەلەيدۇ ھەم پارلاق نۇر چاچالايدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ پەرقىنى مەقسەتلىك كۆپتۈرۈش ۋە تەرغىب قىلىش، چەت ئەلدىن ياكى دىندىن مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر گەۋدىلىك خاراكتېرىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتنى ئىنكار قىلىش مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاساسلىق ئىپادىسى، بۇنىڭدىن چوقۇم يۈكسەك ھوشيار بولۇش كېرەك.

دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىش شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى تارىخىي مۇقەررەرلىك. غەربىي خەن سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، خەنزۇ تىلى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە قوللىنىلىدىغان ئورتاق تىل ـ يېزىقنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئورتاق قوللىنىدىغان تىل ـ يېزىقنى ئىشلىتىش شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، يەنە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، كۆپ خىل تىلغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئالماشتۇرۇش كۆپەيگەن مەزگىل دەل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى راسا گۈللىنىپ، پارلاق نۇر چاچقان مەزگىل. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قانۇن بويىچە ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل ـ يېزىقنى قەتئىي ئومۇملاشتۇرۇش قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، دۆلەت ئېڭى ۋە پۇقرالىق ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى. قانۇن بويىچە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش، قوش تىل ئۆگىنىش ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا تىل ـ يېزىق ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

ئەزەلدىن تارتىپ، شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون، بىر دىن ياكى ئىككى دىن ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇش، كۆپ دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شىنجاڭنىڭ دىن ئەندىزىسىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى، سىڭىشىش، تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شىنجاڭدىكى دىنلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

# جۇڭخۇا نەزەرىدىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخى

□شۇ گۈيشياڭ

شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخى جۇڭگو تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇزاقتىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخىنى ھەدەپ بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىۋېتىپ، مەدەنىيەت پەرقىنى كۆپتۈرۈپ، مىللىي ئارازلىقنى ۋە ئۆچمەنلىككە قۇتراتىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىشكە، شىنجاڭنى جۇڭگودىن پارچىلاپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇندى، بۇ تېپىك ئىدېئالىزملىق تارىخىي قاراش بولۇپ، تارىخىي پاكىت بىلەن پۈتۈنلەي زىت.

شىنجاڭ رايونى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قاتارلىق رايونلار بىلەن ئۆزئارا ئالاقە قىلىپ، بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلغان، بۇ جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى تارىخىي مۇقەررەرلىك. يىراق قەدىمكى دەۋرىدە، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ كىلىماتى نەم، سۇ مەنبەسى مول، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان بىر رايون، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئاساسلىق بۆشۈكى. جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى نەچچە سۇلالە شيا، شاڭ، جوۋ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇ يەردە گۈللەنگەن. شىنجاڭ رايونى قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى، غەربىي خەن سۇلالىسى ۋۇلېي شەھىرىدە (بۈگۈنكى شىنجاڭ بۈگۈر ناھىيەسى تەۋەسىدە) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، پۈتكۈل غەربىي يۇرت رايونىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىرتۇتاش باشقۇرغان، بۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ رەسمىي دۆلىتىمىز تېررىتورىيەسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. خەن سۇلالىسىدىن كېيىن، تارىختا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتنى ئۆز زېمىنى دەپ قاراپ، شىنجاڭ رايونىنى باشقۇرۇش تەۋەلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. تارىختا شىنجاڭ رايونىدا يەرلىكنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇش ئەھۋالى كۆپ قېتىم كۆرۈلۈپ، كۆپ خىل ھالەتتىكى ھاكىمىيەت شەكلى شەكىللەنگەن، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو تېررىتورىيەسىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت شەكلى بولۇپ، ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت ئەمەس. ھەتتاكى، يەرلىك ئايرىما ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە قويۇق جۇڭگو بىر گەۋدە ئېڭى بار بولۇپ، ئۇلار ياكى ئۆزلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىنىڭ تارمىقى، ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيىتىگە تەۋە دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەيلى ئايرىلىپ تۇرۇش مەزگىلى قانچىلىك ئۇزاق، ۋەزىيەت قانچىلىك مۇرەككەپ بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئاخىرىدا ھەممىسى قايتىدىن بىرتۇتاش باشقۇرۇشقا يۈزلەنگەن. بۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىدۇر.

شىنجاڭ رايونىدىكى مىللەتلەر دۆلىتىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى مىللەتلەر بىلەن ئۇزاق مەزگىل ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسىدە جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە شەكىللەندۈرگەن. 5000 يىلدىن ئارتۇق جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىيات تارىخى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش تارىخىدۇر. ھەر قېتىملىق مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە بېرىش ـ كېلىش قىلىشى، كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشى، كەڭ كۆلەمدە يۇغۇرۇلۇشىنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى ۋە جۇڭگو تارىخىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولغان. قەدىمكى رىۋايەتلەردىكى يەندى، خۇاڭدىدىن باشلاپ شيا، شاڭ، جوۋ سۇلالىلىرىغىچە، چۇنچيۇ دەۋرى، جەڭگو دەۋرىدىن چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە، ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە، بەش دەۋر، ئون بەگلىكتىن لياۋ، سۇڭ، شيا، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە، مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە، جۇڭخۇا مىللىتى شەكىللەنگەن، راۋاجلانغان ھەربىر تارىخىي دەۋر ئۈزلۈكسىز ھالدا كۆپ مەنبەلىك بولۇشتىن بىر گەۋدىلىشىشكە، ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇشتىن يۇغۇرۇلۇشقا، تارقاق بولۇشتىن زىچ بىرىكىشكە يۈزلەنگەن بىرىكىش جەريانى. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، جايلىشىش جەھەتتە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا تايىنىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا قوبۇل قىلىپ، ھېسسىيات جەھەتتە ئۆزئارا يېقىنلىشىپ، ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىنى شەكىللەندۈرگەن. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرىنى، بىپايان زېمىنىنى ئورتاق ئاچقان، ئۇزاق تارىخنى، پارلاق مەدەنىيەتنى ئورتاق ياراتقان، ھەممىسى شىنجاڭنى ئېچىش، قۇرۇش، قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

شىنجاڭ رايونىنىڭ مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قاتارلىق رايونلارنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك بىرلىشىپ، تارىخىي يۇغۇرۇلۇپ، مول ۋە چوڭقۇر، پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى پەرق بولسىمۇ ئىناق ئۆتكەن كۆپ مىللەت مەدەنىيەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان بولۇپ، تارىخى ئۇزاق، دۇنيادىكى بىردىنبىر ئۈزۈلۈپ قالمىغان، تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنگە كەلگەن مەدەنىيلىكتۇر. قەدىمدىن تارتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى كۆپ خىل مۇھىتنىڭ تەسىرىدە مول، كۆپ مەنبەلىك بولۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. تارىختا، خۇاشيا قوۋمى بىلەن ئەتراپتىكى مىللەتلەر ئۈزلۈكسىز كۆچۈش، قوشۇلۇش، ئۇرۇش قىلىش، قۇدىلىشىش، سودىلىشىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. چىن، خەن سۇلالىلىرىنىڭ ھەيۋىتى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەمۇرچىلىق، كاڭشى، چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى گۈللىنىش ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان شانلىق نەتىجە. شىنجاڭ رايونى تارىختا جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنى غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى دەرۋازا ۋە ۋاستە بولۇپ كەلگەن، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە باشتىلا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن تامغىسى بېسىلغان. غەربىي خەن سۇلالىسى شىنجاڭ رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، خەنزۇ تىلى غەربىي يۇرتنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىللارنىڭ بىرى بولغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى،

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)